# چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەق مەيداندا تىزىملاشقا قاتناشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

دەل جايىدا، ئىنچىكە، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قانۇن بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «ستاتىستىكا قانۇنى» ۋە «مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نىزامى»نى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچىلەر مۇستەقىل تەكشۈرۈش، مۇستەقىل دوكلات قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى، كەڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى ئەينەن تولدۇرۇشى كېرەك؛ ئىلمىي، دەل جايىدا توپلاپ، توپلاش ئۈنۈمى ۋە سانلىق مەلۇمات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىنى تولۇق قاپلاشقا، مەنبە سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئەينەن، دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ ماسلىشىش دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە «ھەممە ئائىلىنى خەۋەردار قىلىش، ھەممە ئادەم قوللاش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، تارماقلار ئىش تەقسىم قىلىشىپ ھەمكارلىشىش، جايلار دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇش، ھەرقايسى تەرەپلەر ئورتاق قاتنىشىش» تەلىپىگە ئاساسەن، بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، تەرتىپلىك يولغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ھەقىقىي، دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر نەق مەيداندا تىزىملاشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن بىللە ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى تيانشان يولى مەھەللىسى 001 ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئولتۇراق رايونىغا كېلىپ، نەق مەيداندا ئائىلىلەرگە كىرىپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە تىزىملاش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش دۆلەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈشىنىڭ مۇھىم ئاساسى، ھەربىر پۇقرا پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىپ، نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئەينەن تولدۇرۇشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا رىئايە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىلمىي تەشكىللەپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە تىزىملاشنى ئىلمىي، دەل جايىدا ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ئەينەن، دەل جايىدا، مۇكەممەل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، 7 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش نەق مەيداندا تىزىملاشقا قاتناشتى.

**3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**
**تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

قەشقەر ۋىلايىتىدە:

# كارخانىلار نورمال ئىشلەپچىقارماقتا تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يوللىرى راۋان بولماقتا

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

«بۇ، بىز بۈگۈن قاچىلىغان بەشىنچى ئاپتوموبىل ئۈن، چوڭ بىر تاللا بازارغا يەتكۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتىمىز» دېدى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ قەشقەر باھارى ئاشلىق - ياغ چەكلىك شىركىتىدە خىزمەتچى خادىم قۇربانجان يۈسۈپ ئالدىراش مال قاچىلىغاچ.

كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى دەرھال جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش كاپالەت مېخانىزمىنى قوزغىتىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ گۈرۈچ، ئۈن، ياغ، گۆش تۈرلىرى، كۆكتات قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش قاتارلىقلارغا مەسئۇل قىلىپ، ماددىي ئەشيا كاپالىتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ نورمال ئايلىنىشى ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۈن، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۈن، نان ياقىدىغان ئۈن... شىنجاڭ قەشقەر باھارى ئاشلىق - ياغ چەكلىك شىركىتىنىڭ تەييار مەھسۇلاتلار ئامبىرىدا مۇخبىر خالتا - خالتا ئۈنلارنىڭ رەتلىك قويۇلۇپ، ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. خىزمەتچى خادىم مەمتىمىن ھۆرمەت يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئۈنلارنى ئامبار سىرتىدىكى يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ يېنىغا ئارقا - ئارقىدىن توشۇۋاتاتتى.

شىنجاڭ قەشقەر باھارى ئاشلىق - ياغ چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جاڭ جىنيىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ شىركەت كۈنىگە 400 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلالايدىغان پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىگە ئىگە ئىكەن. نۆۋەتتە، بۇ شىركەتنىڭ 146 خىزمەتچى خادىمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، كۈنىگە 250 توننا ئۈن ئىشلەپچىقىرىۋېتىپتۇ. «ھازىر كۈندىلىك ئۈن چىقىرىش مىقدارى 150 توننىدىن 200 توننىغىچە بولۇۋاتىدۇ، ئاساسلىقى قەشقەر شەھىرىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرى، تاللا بازارلارنى مال بىلەن تەمىنلەۋاتىمىز».

ئۈندىن باشقا، بۇ شىركەت يەنە كەسمە چۆپ، نان قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. «بىز بۇ بىرنەچچە كۈندە ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەپ، ھەر كۈنى 5000 نان ياقتۇق.» نان يېقىش سېخىنىڭ مەسئۇلى مېھرىنسا سەمەت مۇنداق دېدى: بۇ نانلار قەشقەر شەھىرىدىكى ھەرقايسى تاللا بازارلار، مەھەللىلەردىكى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش نۇقتىلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئائىلىلەرگە سېتىلىدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىدە جەمئىي 131 ئۈن پىششىقلاش كارخانىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 125ى نورمال ئىشلەپچىقىرىۋېتىپتۇ، كۈندىلىك بۇغداي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 5827 توننا ئىكەن؛ يېمەكلىك ياغ پىششىقلاش كارخانىسىدىن 12 سى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇزى نورمال ئىشلەپچىقىرىۋېتىپتۇ، كۈنىگە 187 توننا ياغلىق دان بىر تەرەپ قىلىدىكەن. قەشقەر ۋىلايىتى گۈرۈچ ۋە يېمەكلىك ياغنى ئاساسلىقى سىرتتىن يۆتكەشكە تايىنىدۇ، نۆۋەتتە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ماددىي ئەشيا توشۇش يوللىرى راۋان، گۈرۈچ ۋە يېمەكلىك ياغنىڭ ئامبار زاپىسى تولۇق بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

«يۇقۇم مەزگىلىدە، ئالاقىدار تارماقلار نۇرغۇن ياردەم بەردى، بىر تەرەپتىن بىزگە ياردەم بېرىپ خام ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن بىزگە ياردەم بېرىپ توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. نۆۋەتتە، كارخانىمىز نورمال ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يوللىرى راۋان.» يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە جايلاشقان قەشقەر تيانشان ئۈن چەكلىك شىركىتىدە، باش دىرېكتور ياڭ جىلىننىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بۇ شىركەت ئىككى ئاپتوموبىل ئۈننى يولغا سالغان بولۇپ، جەمئىي 60 توننا ئىكەن، بىر ئاپتوموبىل قاغىلىق ناھىيەسىگە توشۇيدىكەن، يەنە بىر ئاپتوموبىل پوسكام ناھىيەسىگە توشۇيدىكەن.

ياڭ جىلىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنىڭ كۈندىلىك بۇغداي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 600 توننا بولۇپ، كۈنىگە 460 توننا ئەتراپىدا ئۈن ئىشلەپچىقىرىدىكەن، ئاساسلىقى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنى مال بىلەن تەمىنلەيدىكەن. نۆۋەتتە ئامباردا 2200 توننا ئۈن بار بولۇپ، بازار تەمىناتىنى قاندۇرالايدىكەن.

«زاۋۇت رايونىمىز يېپىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى، تەقسىملەپ يەتكۈزىدىغان ئاپتوموبىللارنى پات - پات دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى، خىزمەتچى خادىملاردىن ماسكا تاقاش قاتارلىق تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى» دېدى ياڭ جىلىن.

# 2020 - يىلى 9 - ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 701ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2020 - يىلى 9 - ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 701 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 747 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىدىن 571ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىسىدىن 130ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 673 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئالتە كىشى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 21 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 646 كىشى بار.

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان مەسىلىلەردىن قارىغاندا، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگىنى 539 بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %94.39نى ئىگىلىگەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا داڭلىق، قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش - سوۋغا قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى ياكى پاراۋانلىق تارقىتىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يەپ - ئىچىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى مەسىلىدىن 101ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا %43.07، %25.38، %9.23نى ئىگىلىگەن.

ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، نازارەت قىلىش ئاساسىي ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بىرىنچى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك ئادا قىلىپ، ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم، زور ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشى، دەل جايىدا نازارەت قىلىشى، پۇختا نازارەت قىلىشى كېرەك. راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك قاتارلىق ناتوغرا ئىستىل، يامان ئادەتلەرگە باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى دەل جايىدا سۈرەتلەپ، ماھىيەتنى تۇتۇپ، ھەر ۋاقىت ئالدىنى ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان - مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارغا قارىتا كەسكىن ھالدا جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىققا تارتىپ، پولاتتەك ئىنتىزام بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۇزاققىچە تۇرىدۇ، يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، تەرەققىيات يەنىلا پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى. جەزمەن تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتىكى تەرەققىياتتا جەزمەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، ئۇ جەزمەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممىبەھرە بولۇشتىن ئىبارەت يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىشقا، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئالماشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم، زور بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا پۇختا قەدەم تاشلىدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولماقتا. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىپ، بىر قاتار يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسلارغا دۇچ كېلىدۇ. داۋاملىق تەرەققىي قىلىشتا كۆپ تەرەپتىكى ئەۋزەللىك ۋە شارائىتقا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، تەرەققىيات داۋامىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تەرەققىيات سۈپىتىدە مەركەزلىك گەۋدىلىنىۋاتىدۇ. بۇ، بىزدىن جەزمەن تەرەققىياتنىڭ سۈپەت مەسىلىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تاشقى مۇھىتى كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتى. تۈرلۈك يوشۇرۇن خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن ھۇجۇم ۋە خىرىسقا پائال تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، تەرەققىياتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى ۋە خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا. ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئېكولوگىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تەرەققىيات، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ‹بولۇش - بولماسلىق›تىن ‹ياخشى بولۇش - بولماسلىق›قا ئۆزگىرىشىدۇر.» ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىك رولى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر توغرىسىدا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپ تەرەققىياتى، دۆلەت ئىچى بازىرى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، رايون تەرەققىياتىدىن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، يېشىل تەرەققىيات، سىرتقا ئېچىۋېتىش، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، بىخەتەر تەرەققىيات، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگىچە بولغان پىكىر يولى ۋە نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىشتا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات شەكلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغاندا، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بارلىق خەلقنى تېخىمۇ ياخشى بەھرىمەن قىلغىلى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ تەلىپى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، نېگىزگە مۇناسىۋەتلىك، يىراق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يۆنىلىش. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلەرگە سىڭدۈرۈپ، كرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرساق، بىز چوقۇم ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى)**